ئابدۇۋەلى ئابدۇقادىر

# ۋەسۇرۇختىنىڭ سىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇۋەلى ئابدۇقادىر

# لەۋ سۇرۇخنىڭ سىرى

( پوۋېست ، هېكايە ، تارىخىي ئوچېرك )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

神秘的口红:维吾尔文/阿布都瓦力·卡德尔　著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.8

ISBN7—228—05308—7

Ⅰ.神…　Ⅱ.阿…　Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第31566号

责任编辑:吐尔尼沙·艾山

封面设计:巴图

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆人民出版社微机室排版

新疆农科院印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本　3.875印张　2插页

2000年3月第1版　2000年3月第1次印刷

印数:1—3,000

---

ISBN7—228—05308—7/I·2083　定价:5.50元

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : باتۇ

# لەۋ سۇرۇخنىڭ سىرى

ئابدۇۋەلى قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 3.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7 228 05308 7/I • 2083
باھاسى : 5.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


لەۋ سۇرۇخىنىڭ سىرى ........................ 1

ئاشخانىدا .................................. 28

تەقدىر ..................................... 37

خىلۋەت يېزىدىكى پاجىئە ( پوۋېست )............... 67

قۇتلۇق كۈن ( تارىخىي ئۇچېرك )................... 108


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# لەۋ سۇرۇخىنىڭ سىرى

ئاشۇ قېتىمقى دېلو ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ .

كەچ كۈز مەزگىلى ئىدى ، ئەتىگەندە ئىدارىگە كېلىپ تۇراتتىم ، ئىدارە باشلىقىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى . ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ ، دەرھال باشلىقنىڭ ئالدىغا كىردىم . ئىشخانىدا بىر قانچە خادىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن ، ئىدارە باشلىقى ئابدۇراخمان ئاكا مېنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدى . بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ، ئۇلارنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇردۇم .

— رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى سىرتتىن قايتىپ كېلەلمىدى ، يىغىنىمىزنى ئېچىۋېرەيلى ، — دېدى ئىدارە باشلىقى سائەتكە قاراپ قويۇپ ، كېچە « گۈلباغ مېھمانخانىسى » دا بىر ئەر ، بىر ئايال ئۆلتۈرۈلگەن . ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋالغا قارىغاندا ، ئەر H شەھىرىگە كېتىۋاتقان يولۇچى ، ئايال مۇشۇ A شەھەرلىك قىز ئىكەن . قالغان ئەھۋالنى نەق مەيدانغا بارغاندا بىلىسىلەر . بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەكبەر مەسئۇل ، ماگساگلار بولىدۇ .

ئەكبەر قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئورۇق ، ئوتتۇرا بوي ، قاڭشارلىق كەلگەن ئادەم ئىدى ، بىز ھايال ئۆتمەي بولكىۋاي ماشىنا بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . ماشىنا شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن ئۆتۈپ ، بىردەمدىلا شەھەر سىرتىغا جايلاشقان « گۈلباغ مېھمانخانىسى » ئالدىدا توختىدى . مېھمانخانا ئالدىغا بىر توپ ئادەملەر ئولىشىۋالغانىدى . بىزنى كۆرۈپ ، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم ئالدىمىزغا كەلدى . ئۇ مېھمانخانا باشلىقى بولسا كېرەك ، بىزنى ۋەقە يۈز بەرگەن 25 ـ ئۆيگە

باشلاپ كىردى .

— ئۆيگە باشقا ئادەم كىرگەنمۇ ؟ — سورىدى ئەكبەر .

— سەھەردە كۈتكۈچىلەر كىرىپ ئۆلۈكنى بايقاپتۇ ، — دېدى مېھمانخانا باشلىقى .

ھەممىمىز بوسۇغىدا تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۇق . ياتاق خېلىلا چوڭ بولۇپ ، ئىككى سىم كارىۋات ، بىر جۈپ ساپا ئازادە قويۇلغانىدى . ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كارىۋاتقا ئاق پىراستىن يېپىپ قويۇلغانىدى . ئۆينىڭ بىرلا دېرىزىسى بولۇپ ، تەسكەي تەرەپكە قارىغاچقا ، ئۆي ئىچى غۇۋا كۆرۈنەتتى .

ئەكبەر كارىۋات ئۈستىدىكى كىرلىكنى ئېلىۋەتتى . ھەممىمىزنىڭ دىققىتى ئىككى جەسەتكە مەركەزلەشتى . يىگىت تەخمىنەن 25 ياشلار چامىسىدا بولۇپ ، قىسقا بۇرۇت قويغان ، ئاق يۈزلۈك ، قارا قاش كەلگەن . بىر قولىنى قىزنىڭ بېشى ئاستىغا ، يەنە بىر قولىنى قىزنىڭ كۆكسىگە قويۇپ يانچە ياتاتتى ؛ قىز 20 لەردىن ئەمدىلا ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى . ئاق ، زىلۋا بوي بولۇپ ، ئۇزۇن قوڭۇر چېچىنى چوققىسىغا تۇرۇۋالغانىدى . بىر قولىنى يىگىتنىڭ بوينىغا ، بېشىنى يىگىتنىڭ ئېڭىكىگە تىرىگىنىچە تۈگۈلۈپ قالغانىدى .

— قېنى ئاغىنىلەر ، ئىشنى باشلىۋېتەيلى ! — دېدى ئەكبەر .

سۈرەتچى بىلەن قانۇن دوختۇرى جەسەتلەرنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ ، ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سۈرەتكە ئالدى . ئەكبەر پۈرژىنىلىق ئۆلچىگۈچ ، لوپا ئەينەك بىلەن ، ياتاقنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئاياغ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ ، ئۈستەل ئالدىغىچە كەلدى . ئۈستەلدە كەمپۈت ، پېچىنە ، ھاراق ، چايدان ، ئىستاكان دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان تۇراتتى . رومكىلارنى

قىيسايتىپ ، دىققەت بىلەن قارىدى . تومپۇچكا ئىچىدە بىر سومكا بىلەن چامادان تۇراتتى . قارشى تەرەپتىكى كارىۋاتقا تاشلاپ قويغان قىزنىڭ سومكىسىدىكى ئۇپا ــ ئەڭلىك ، لەۋ گىرىمى دېگەندەك نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى . ئاخىرىدا ئۇ جەسەتلەرنىڭ ئاغزىنى پۇراپ كۆردى ــ دە ، جەسەتنى ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى .

چۈشكە يېقىن ، ھەممىمىز ئىدارىگە قايتىپ كەلدۇق . مېنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىمگە ئۇزۇن بولمىغانىدى . بۈگۈنكىدەك ئۆلۈم ۋەقەسىنى كۆرۈشۈممۇ تۇنجى قېتىم ئىدى . شۇڭا ، باشقىلارنىڭ بۇ دېلو ئۈستىدە قىلغان مۇلاھىزىلىرىگە قىزىقىپ قۇلاق سالدىم .

ئىدارە باشلىقى يەنە يىغىن چاقىردى :

ــــ قېنى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى .

ــــ ۋەقە 19 ــ ئۆكتەبىر كېچىدە يۈز بەرگەن ، جەسەتلەرنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق جاراھەت ئىزى يوق . بەدىنىنىڭ سوۋۇش دەرىجىسىگە قارىغاندا ئۇلار كېچە سائەت 12 دىن كېيىن ئۆلگەن ، ــــ دېدى قانۇن دوختۇرى .

ــــ ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق جاراھەت ئىزى يوق ، دېدىڭىزما ؟ ــــ سورىدى ئىدارە باشلىقى .

ــ شۇنداق ، ھېچقانداق جاراھەت ئىزى كۆرۈلمىدى ، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن .

ــــ سىز ئېنىقلانغان ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭا ، ــ دېدى رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ئەكبەرگە قاراپ .

ــــ ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ، ــــ دېدى ئەكبەر

ئىنقىلانغان ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ ، — H شەھەردىكى يولۋاس دېگەن بالا « گۈلباغ مېھمانخانىسى » نىڭ ئىككى كىشىلىك ئالاھىدە ياتىقىغا چۈشكەن . ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىمۇ بۇ مېھمانخانىغا كېلىپ ، ئىككى كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشقان . كەچتە ئۇلار ياتاققا ئىككى قىزنى باشلاپ كېلىپ ، خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇشقان . كۈتكۈچى قىز سەھەردە ياتاق تازىلىغىلى كىرىپ قارىسا ، كارىۋاتتا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ياتقان . كۈتكۈچى ئۇلارنىڭ يېتىشىدىن بىر غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ مېھمانخانا باشلىقىنى باشلاپ كەلگەن . مېھمانخانا باشلىقى كېلىپ قارىسا ، ئۇلار ئاللىقاچان قېتىپ قالغان . . . ئۆلگۈچىلەرنىڭ يېنىدىن چىققان خەت خاتىرىلەرگە قارىغاندا : يىگىتنىڭ ئىسمى نۇرجان بولۇپ ، K شەھىرىدىن H شەھىرىگە توي قىلغىلى كېتىپ بارغان بولسا كېرەك ، سومكىسىدىن تويلۇق ماللار ، مىڭ يۈەنگە يېقىن نەق پۇل ۋە بىر پارچە خەت چىقتى . . . — ئەكبەر بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە يازدىن بېرى مېۋە ساتقان پۇللارنىڭ ھېسابى بار ئىكەن . 2 - 3 كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ھېمىت دېگەن بىرى بىلەن K شەھەرلىك بانكىدىن يىگىرمە مىڭ يۈەن ئېلىپ ، H شەھىرىگە پېرېۋوت قىپتۇ . قارىغاندا ئۇ خېلى چوڭ باققال ئوخشايدۇ .

— قىزچۇ ؟

— قىز مۇشۇ شەھەردىن ، ئىسمى گۈلنار .

— ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلدىڭلار ، يېنىدا ئىسپات بولغۇدەك بىر نەرسە بارمىكەن ؟

— ئۇنى كۈتكۈچى قىزلار سىرتىدىن تونۇيدىكەن ،

ئەخلاقىي ئانچە دۇرۇس قىز ئەمەس ، دېيىشىدۇ .
— يەنە بىر قىز بىلەن يولۇۋاسچۇ ؟
— ئۇلارنىڭ هازىرچە دېرىكىنى ئالالمىدۇق . قارىغاندا يولۇۋاس بىلەن نۇرجان كونا تونۇشتەك قىلىدۇ ...
بىر خادىم لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئېلىپ كىردى . بۇنىڭدا : ئۆلگۈچىلەر « OX » هاشارات دورىسى بىلەن زەهەرلىنىپ ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغانىدى .
خادىملار ئۆز ئارا مۇنازىرىلىشىپ كەتتى :
— ئۇنداقتا ، ئۇلار ئۆزى زەهەر ئىچىپ ئۆلگەنمۇ ؟
— نېمە ئۈچۈن ؟
— هاشارات دورىسى سېلىنغان قاچا قېنى ؟
— بۇنىڭدا چوقۇم ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ قولى بار ، يېپىنىڭ ئۇچى هېلىقى ئىككىسىنى تېپىشتا ، — دېدى ئەكبەر .
— قارىغاندا ، سىز بۇ دېلو توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلىسىز ، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئەكبەرگە قاراپ ، — كۆز قارىشىڭىزنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېقىڭا .
ئەكبەر يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ :
— قىياسىمچە : قاتىل يىگىرمە يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ، ئوتتۇرا بوي ، ۋىجىك ئادەم بولۇشى مۇمكىن ، پۇتىغا رېزىنكە چەملىك قىرىقىنچى شىبلىت كىيگەن . . .
— ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى مۇددىئاسى نېمە ؟
— پۇل ! — دېدى ئارىدىن بىرى .
— قاتىل پۇلنى كۆزلىگەن بولسا سومكىدىكى مىڭ يۈەن نەق پۇل ، تويلۇق كىيىم - كېچەكلەرنى نېمىشقا ئالمايدۇ ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن .
— توغرا ، — دېدى ئەكبەر ، — قاتىلنىڭ كۆزلىگىنى

پۇل، لېكىن، قاتىل نۇرجاننىڭ يېنىدىكى مىڭ يۈەننى ئەمەس، ئۇ پېرېۋوت قىلغان يىگىرمە مىڭ يۈەننى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، قاتىل نۇرجاننىڭ H شەھىرىگە يىگىرمە مىڭ يۈەن ئەۋەتكىنىنى بىلىدىغان بىرى بولۇشى مۇمكىن؟!

— مېنىڭچە، — دېدى ئەكبەر، — قاتىل نۇرجان بىلەن بىللە پۇل پېرېۋوت قىلغان ھېمىت بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

— يولۋاسچۇ؟ — دېدى رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى غۇلام.

— يولۋاس بىلەن ھېمىت بىر ئادەم، ھېمىت مېھمانخانا دەپتىرىگە ئۆزىنى «يولۋاس» دەپ تىزىملاتقان، — دېدى ئەكبەر.

بۆلۈم بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى. ماڭا بۇ دېلو خېلى ئايدىڭلىشىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىندى.

— ھېمىت پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم H شەھىرىگە بارىدۇ، — دېدى ئىدارە باشلىقى، — ئۇنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەتلەنگەن ياخشىمىكىن، دەيمەن. ھېمىتنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئەكبەر مەسئۇل بولسۇن؛ يەنە بىر قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە غۇلام مەسئۇل بولسۇن... ھازىرلا H شەھىرىگە تېلېفون بېرىۋېتىڭلار، بولمىسا پۇلنى سىلەر يېتىپ بارغۇچە ئېلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىشلار شۇنداق بولسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئىدارە باشلىقى.

ئەتىسى ئايروپىلان بىلەن H شەھىرىگە قاراپ ئۇچتۇق. ئەكبەر ئايروپىلان دېرىزىسىدىن لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا كۆز



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ىكىپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم . دەسلەپتە بۇ دېلو ماڭا سىرلىق بىلىنگەنىدى . مانا ئۇلار تەكشۈرۈپ ، پىكىر يۈرگۈزۈۋىدى ، ئىشلار خېلى ئايدىڭلىشىپ قالدى .

— ئەكبەرئاكا ، سىز قاتىل ئۆلگۈچىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكىنى قانداق پەرەز قىلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— بىز نەق مەيدانغا بارغان كۈنى ، ئاياغ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ ، كېچىدە ياتاققا كىرگەن بىرىنىڭ ئىزىنى بايقاپ قالدىم ، ئىپسىڭىزدە بارمىكىن ، 19 - چىسلا كەچتە تۇيۇقسىز بوران چىقىپ ، ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغقانتى . بۇ ئىز لاي يۇقى ، نۇرجانىڭ ئاياغ رازمېرىگە ئوخشمايدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە چوقۇم ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ قولى بار ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم .

— ئەنىزە پاش قىلىشتا قىياس قىلىشمۇ مۇھىمكەن - دە ؟

— ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىي پاكىت . شۇ پاكىت ، كۆزىتىشلەر ئاساسىدا پەرەز ، قىياس قىلىشلار بولمىسىمۇ ئىش ئىلگىرىلىمەيدۇ ...

— سىلەر لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ خۇلاسىسى چىقماي تۇرۇپلا ، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇڭلارغۇ ؟

— مۇنداق قىياس قىلىشىمىزدىكى سەۋەب : بىرىنچىدىن ئۆلگۈچىلەرنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق جاراھەت ئىزى بايقالمىدى . بۇ زەھەرلىنىپ ئۆلگۈچىلەردە ئۇچرايدىغان ئەھۋال ، ئىككىنچىدىن بىزنىڭ قانۇن دوختۇرىمىز دائىم خىمىيىلىك دورىلارنى ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ، يۇرتقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ يۇراقلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك سېزىمى بار . بىزنىڭ جەسەتلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى يۇراپ يۈرگىنىمىزنى كۆرمىدىڭىزما ؟

— كۆردۈم .

— « OX » بۇ بىر خىل ئاستا تەسىر قىلىدىغان زەھەر-لىك دورا . پۇرىقى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ، سۇدا تېز ئېرىيدۇ . ئۇنىڭ بىر تامچىسى ئىنتىنى ئۈچ سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆلتۈرەلەيدۇ ؛ ئادەمنى قىزىتىپ ، ئاستا - ئاستا بىھوش قىلىۋې-تىدۇ ... بۇ بىلىملەرنى كېيىن سىزمۇ پىششىق بىلىپ كېتىسىز ... مۇنداق بىر ئىش بولغان ، بىر كۈنى بىر ئادەمنىڭ كېچىدە تۇ-يۇقسىز ئۆلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى . نەق مەيداندا بىرىپ تەكشۈرسەك ، جەسەتتە ھېچقانداق جاراھەت ئىزى تېپىل-مىدى . ئۆي ئىگىلىرى ئۇنى « سۇيىقەستكە ئۇچرى-غان » دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى . ئاخىرى جەسەتنى يېرىپ كۆر-دۇق . ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىمۇ زەھەرلىك ماددا سېزىلمىدى . ئۇ كەچتە بىر يەرگە بېرىپ خېلى كۆپ ھاراق ئىچكەنىكەن ، شۇ-نىڭغا ئاساسەن « ھاراقتىن تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن » دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق . ئۆي ئىگىلىرى : « ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنچىلىك ئېغىر مەست ئەمەستى » دەپ يەنە قايىل بولمىدى . كېيىن ، ئۇ-نىڭ كۆندۈزى زىيائەتلەرگە ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى چاچ-قانلىقىنى ئۇقتۇق . شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال ئايدىڭلاشتى . دورىنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ، بۇ ئىسپىرت بىلەن رېئاكسىيە-لەشكەندە زەھەر تەركىبىي ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدىغان دورا ئىكەن . ھېلىقى ئادەم دورا چېچىپ ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن يۈز - كۆزلىرىنى چالا - بۇلا يۇيۇپلا ئولتۇرۇشقا بارغان . ئولتۇ-رۇشتىن قايتىپ كېلىپلا ئۇخلاپ قالغان . نەتىجىدە ھاراق ئۇنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلغان ناھايىتى ئاز مىقداردىكى دورا بىلەن ئاستا - ئاستا رېئاكسىيىلىشىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان .

پارك بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي

قاپتمەن . چۈشكە قالماي ئايروپىلان H شەھىرى ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى .

ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇدۇل H شەھەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە باردۇق . ئۇلار بىزگە ياردەملىشىشكە ئىمام دېگەن كىشىنى ئاجراتقانىدى .

— ھېيمىتنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئەكبەر ئىمامدىن .

— ھېيمىت بىزدىن تېز چىقىپتۇ ، — دېدى ئىمام ، — تۈنۈگۈن كەچ سىلەردىن تېلېفون ئالدۇق . بۈگۈن ئەتىگەندە پوچتىخانىغا بېرىپ ئۇقۇشساق ، پۇلنى تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئېلىپ كېتىپتىكەن .

— پۇلنى ئالغان ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئەسلىيەلەمدىكەن ؟

— ئەسلىيەلمىدى ، ھەر كۈنى نەچچە يۈز ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز ، قايسىبىرىنى ئېسىمىزدە ساقلايمىز ، دېيىشتى .

— ھەي ... ي ! ... — دېدى ئەكبەر خورسىنىپ .

— جىنايەتچى تېخى ئېنىقلانمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئىمام .

— ئېنىقلاندى دېيىشكە تېخى ئەتىگەن . بەزى يىپ ئۇچلىرىنى قولغا چۈشۈردۇق . جىنايەتچىنى ئېنىق بېكىتىشكە ھازىرچە دەلىل - ئىسپات يېتەرسىز ...

بىز چۈشتىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر مەسلىھەتلىشىۋېلىپ تاماققا چىقتۇق . تاماقتىن كېيىن ياتاققا چىقىپ ، بىردەم كۆز يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم . بىراق ، زادىلا ئۇخلىيالمىدىم . كۆزۈمنى يۇمسام ، كۆز ئالدىمدا

ھېلىقى قېتىپ قالغان ئىككى جەسەت پەيدا بولاتتى ... جىنايەتـ
چىلەرنىڭ قارا قولى نېمىدېگەن رەھىمسىز ـ ھە ! توي تەييارلىـ
قىنى قىلىپ ، ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ئائىلىگە بۇ شۇم
خەۋەرنى قانداق يەتكۈزۈش كېرەك ؟! . . .

چۈشتىن كېيىن ، ئىمام بىلەن بىرلىكتە شەھەر ئەتراپىـ
دىكى مەھەللە كومىتېتىغا يېتىپ باردۇق . مەھەللە باشلىقى ئەلـ
لىكلەردىن ئېشىپ قالغان ، ئۆزىنى توختاتقان ئادەم ئىكەن . بىزنى
قىزغىن كۈتۈۋالدى .

— بىز مۇھىم بىر ئىش بىلەن كېلىشۇدۇق ، — دېدى ئىـ
مام ، — مۇشۇ مەھەللىدىكى نۇرجان ھېمىت دېگەن بىرى بىلەن
شېرىكلىشىپ K شەھىرىدىن باغ ئالغانىكەن . ئىككى ـ ئۈچ كۈنـ
نىڭ ئالدىدا نۇرجان A شەھىرىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . ماۋۇ
يولداشلار A شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بولىدۇ . مەھەللە
باشلىقى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە ، تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېـ
سىگە چۈشكەندەك بولۇپ :

— ھوي ، ھېمىتنى مەن ئالدىنقى كۈنىلا ئۇچراتقانىدىم ،
بۇ توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلمىدىغۇ ؟ — دېدى .

— ھېمىتمۇ مۇشۇ مەھەللىلىكما ؟ ئۇ قاچان كەلگەنتى ؟

— نۇرجان ئىككىسى يېقىن ئاغىنە ، بىر ـ ئىككى كۈنىنىڭ
ئالدىدا ئۇ مەھەللىدە پەيدا بولۇپ قالدى . تۈنۈگۈن ھېمىتنىڭ ئاـ
نىسى ئۇچراپ قېلىشۇدى ، « ھە ، ھېمىتجان قايتىپ كەپتۇ ـ دە ،
ئۇياقتىكى ئىشلىرى تۈگەپتىمۇ ؟ » دەپ سورىسام ، « مىجەزىم
يوق ، چاقىرتقانىدىم . كېلىپ دوختۇرغا كۆرسىتىپ ، قولۇمغا ئاز
تولا پۇل بەردى . ئىشىم ئالدىراش ، ئەتە ماڭمىسام بولمايدۇ ،
دەۋاتىدۇ » دېگەندەك قىلشۇدى ، بەلكىم بۈگۈن كېتىپ قالدى
بولغاي ...

« بۇ ھېمىت دېگەن ناھايىتى ھىيلىگەر نېمىكەن ـ دە ! ...
دەپ ئويلىدىم ، — پۇلنى ئاپتۇ ـ دە ، قۇيرۇق تۇتقۇزماي قېچىپتۇ ! . . . »

— ھېمىت قانداقراق بالا ؟

— ياش نېمىلەر — دېدى مەھەللە باشلىقى ، — ئانچە ـ مۇنچە ئەيىبتىن خالىي ئەمەس ، ئۇقەت قىلسا پۇلنى يامان ئەمەس تاپىدۇ . بىراق ، كۆپ ئىچىپ قويىدۇ . بەزىدە يالغۇز ئانىسىغىمۇ قارىمايدۇ ، ئۆزىمۇ كۆرەڭرەك ، شۇڭا « ھېمىت گۇلدۇر » دېگەن لەقىمى بار .

— مۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئەكبەر مەھەللە باشلىقىغا قاراپ ، — سىلى نۇرجاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ قويسىلا ، قاتىلنى ئېنىقلاۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتسىلا . بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ، تېزدىن ھېمىتنىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلايلى .

ھېمىتنىڭ K شەھىرىگە كېتىپ قالغانلىقى ئېنىق بولدى . قايتىش ئالدىدا بىز پوچتىخانىغا باردۇق . پوچتا خادىمى يىگىرمە مىڭ يۈەننىڭ پېرېۋوت قەغىزىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ بەردى .

— بىزنىڭ قىياسىمىز توغرا چىقىۋاتىدۇ ، — دېدى ئەكبەر ياتاققا كەلگەندە ماڭا ، — قاراڭ ، ھېمىتنىڭ پېرېۋوت چېكىگە قويغان قولى بىلەن « گۇلباغ مېھمانخانىسى » نىڭ تىزىملاش دەپتىرىگە « يولۋاس » دەپ قويغان قولىنىڭ پوچېركىسى ئوخشاش . قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭ بارماق ئىزى بىلەن ئاياغ ئىزلىرىنى سېلىشتۇرساق ئەھۋال تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ . بىز ئەتىسى A شەھىرىگە قاراپ ئۇچتۇق .

رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى غۇلام ئاكا كىچىك ماشىنا بىلەن

ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرغانىكەن . ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ماشىنىغا ئولتۇردۇق .

— ئىشلىرىڭلار قانداق ؟ — دەپ سورىدى غۇلام يولدا كېتىپ بېرىپ .

— ھېممت بىزدىن چاققان چىقىپ پۇلنى ئېلىپ ، يەنە K شەھىرىگە كېتىپ قاپتۇ ، — دەپ ئەھۋاللارنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ئەكبەر .

— پاھ ، شۇنچە تېز ؟! ... دېمەك ، ئۇمۇ H شەھىرىگە ئايروپىلان بىلەن يېتىپ بارغانىكەن ـ دە !

— سىلەردە يېڭى ئەھۋال بارمۇ ؟

— يەنە بىر قىزنى ئىزدەپ تاپتۇق .

— قانداق تاپتىڭلار ؟

— سىلەر كەتكەندىن كېيىن ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان گۈلنارنىڭ ئائىلىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدۇق . كېيىن ، ئۆيىنىمۇ تاپتۇق . بىراق ، ئۇنى سوراق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمايۋاتىدۇ . ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئاغرىپ بالنىتسىغا كىرىپ كەتكەنىكەن . دوختۇرخانىغا بارساق ، ئەھۋالى ئېغىر كەن .

— نېمە ئاغرىق ؟

— دوختۇر « ئۆپكىسىگە سوغ تېگىپ ئىششىپ كەتكەن » دەيدۇ . ئەھۋالى سەل ياخشىلانمىغۇچە سۆزلەشكىلى بولمايدۇ .

— ھەي ـ ي ! . . . — دېدى ئەكبەر ، — ئۇنداق بولسا ھېممتنى داۋاملىق قوغلاپ ئەھۋال ئىگىلىمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق . رۇخسەت قىلسىڭىز بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا مېڭىپ كەتسەك . . .



此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com